HUMAN
RIGHTS
WATCH

# " بىز ھەتتا ئۇلارنى ئىزدەشكىمۇ پېتىنالمايۋاتىمىز "

## شىنجاڭ نامايىشىدىن كېيىن يۈرگۈزۈلىۋاتقان مەزبۇرى دېرەكسىز غايىپ بولۇشلار

### 1 . قىسقىچە مەزمۇنى

بىز ئاساسى قانۇن بويىچە زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارغا ئىختىسادى تۆلەم تۆلەيمىز، قانۇن ئالدىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ھۆرمەت قىلىپ، قانۇنغا ئاساسەن قاتتىق قوللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىمىز ۋە جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ قولغا ئېلىش تەلۋىنى تىزلىك ئىچىدە ماقۇللاپ ئەنزە بىكىتىشكە ياخشى تەييارلىق قىلىمىز.

-- ئۈرۈمچى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 5 ـ 7 ـ ئىيۇل كۈنلىرى نامايىش ۋەقەلىرىنى ئىنقىلاش توغرىسىدىكى باياناتى.

شۇ كۈنى، كەڭ كۆلەمدىكى قوراللىق ساقچىلار بىزنىڭ مەھەللىگە بېسىپ كىلىپ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئەرلىرىنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلار بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ياكى ئەشۇ پەيتتە بۇ جايدا بولۇپ قالغان ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كىتىشتى. مەن ساقچىلارنىڭ ئاپتوۋۇزغا ئۇيغۇر ياشلىرىنى لىققىدە بېسىپ ئەپ كەتكەنلىگىنى كۆردىم. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كوچىلاردىن يەنە بىر قىسمى ئۆيلىرىدىن تۇتۇلغان؛ گەرچە مەن ئۆينىڭ ئىچىدە بولغان بولسامىمۇ بىراق ( دەرىزىدىن ) ساقچىلارنىڭ ئۇ ئادەملەرنى ئاپتوۋۇزغا باسقانلىغىنى كورەلەيتتىم .

ئۇلارنىڭ ئائىللىرى ، قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە بىز ھېچنىمە قىلالمىدۇق ياكى دىيەلمىدۇق ساقچىلار بىزنىمۇ تۇتۇپ كىتەرمىكىن دىگەن ئەندىشە بىلەن قورقاپ سىرتقا چىقالمىدۇق. مەن ئۇلارنىڭ قەيەرگە ئېلىپ كىتىلگەنلىگىنى بىلمەيمەن، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمۇ بىلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن، تۇتۇپ كىتىلگەنلەرنىڭ بىرىنىڭمۇ قويۇپ بىرىلگەنلىگىنى ئاڭلىمىدىم .

-- گۈلمىرا گ . بولسا ئۈرۈمچى مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدە 2009 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇل باستۇرۇشقا شاھىد بولغان گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى.

غەربتىكى شىنجاڭ رايونىدا 2009 ـ ئىيۇل نامايىشىدىن كېيىن، جوڭگو ئامانلىق قوغداش تارماقلىرى

قانچە يۈزلەرچە كىشىلەرنى توپىلاڭغا قاتناشتى دىگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالدى. بۇ تۇتقۇنلارنىڭ بىر بۆلىكىنىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كوپ قىسمىنىڭ " غايىپ " بولغاندىن بىرى ھىچ قانداق ـئىز دىرىكى بولمىدى .

2009 ـ 5 ـ 7 ـ ئىيۇل شىنجاڭنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە يۈزبەرگەن نامايىش جوڭگودىكى ئوتكەن ئون يىل مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ئىغىر مىللەتلەر توقۇنۇشلىرىنىڭ بىرىدۇر. شىنجاڭدىكى نامىيش توغرىسىدىكى ۋە نامايىشىدىن كىيىنكى ۋەزىيەت ھەققىدىكى مەلۇماتلار يىتەرلىك ئەمەس. 5 ـ ئىيۇلدىكى نامايىش ئاز سانلىق مىللىتى بولغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن گۇئاڭدوڭدىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ ئولتۇرۇلىشىگە قارشى تىنچلىق بىلەن باشلانغان ئىدى. بۇ نامايىشنىڭ قانداق بولۇپ شىددەتلىك قالايمىقانچىلىققا ئوزگۇرۇپ كەتكەنلىكى ئىنىق ئەمەس، ئۇيغۇر مەنبەلىرى توپىلاڭنىڭ كىلىپ چىقىشىنى ساقچىلارنىڭ نامايىش قىلغۇچىلارغا ھەددىدىن زىيادە زورلۇق كۈچ قوللانغانلىغىدىن دەپ كورسەتمەكتە .

جوڭگو ھاكىمىيتى ناھايىتى تىزلا بۇ توپىلاڭنى تاشقى كۈچلەر كۈشكەرتىپ قوزغىدى دەپ شىكايەت قىلدى. ئۇلار سابىق شىنجاڭدىكى سىياسى مەھبۇس، ھازىر ئامرىكا قوشما شىتاتلىرىدا مۇھاجىرەتتە ياشىۋاتقان مەشھۇر ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى رابىيە قادىرغا مەزكۇر توپىلاڭنى پىلانلىدى ۋە تەشكىللىدى دەپ توھمەت قىلدى. ئامما بۇ توھمەتلەرنى ئىسپاتلايدىغان ھىچ قانداق بىر دەلىل يوقتۇر، نۇرغۇنلىغان مۇلاھىزىچىلار بۇ توپىلاڭنىڭ كىلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسى تىپ يىلتىزى بولسا جوڭگونىڭ ئوزۇن مۇددەتتىن بىرى ئۈزلىكسىز ھالدا داۋاملىشىۋاتقان ئاس سانلىق مىللەت دەپ قارىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش سىياستى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

5 ـ ئىيۇل ئاخشىمى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن تەركىپ تاپقان چوڭ بىر گرۇپپا كىشىلەر ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى قىسمىدا جوڭگولۇق خەنزۇلارنى قاتتىق ئۇرۇپ ـ سوقۇشقا باشلاپ ، بىر تۈركۈملىرىنى ئولۇك يەنە بىر تۈركۈملىرىنى ٴيارىلانغان ھالدا تاشلاپ قويۇپ، بىر قىسىم بىنالارغا ۋە ماشىنىلارغا ئوت قويۇۋەتكەن. ئامانلىق قوغداش تارماقلىرى 6 ـ ئىيۇل ٴئەتىتىگەنگىچە مۇقىملىقنى قولغا كەلتۇرەلمىگەن. 7 ـ ئىيۇل كۈنى، ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى جوڭگولۇق خەنزۇلارنىڭ قىساس ئىلىشلىرىنى توسۇشقا تىرىشكەن بولسىمۇ يەنىلا بەزى ئۇيغۇرلار بۇ ھۇجۇملارنىڭ قۇربانى بولغان.

ئەڭ ئاخىرقى رەسمى سانلىق مالۇمات، نامايىش جەريانىدا ئولگەنلەر سانىنىڭ 197 ئادەم ئىكەنلىكىنى،

- بۇلارنىڭ كوپ قىسمى خەنزۇلاردۇر - يارىلانغانلارنىڭ سانىنىڭ 1600 دىن زىيادە ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بولسا رەسمى ئۆلۈك سانىغا گۇمان بىلەن قاراپ، قۇربان بولغان ئۇيغۇرلار سانىنىڭ ۋە بولۇپمۇ بۇ سانىنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر قۇربانلىرىنىڭ سانىنى تۆۋەن كورسىتىۋاتقانلىقىنى ئىيتماقتا.

2008 - يىلى تىبەتتە نامايىشىدىن كيىنكى مەلۇماتلارنىڭ تولۇق قامىۋىلىنغانلىقىنىڭ ئەكسىچە، بۇ قېتىم هوكۇمەت چەتئەللىك مۇخبىرلارنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللانغاندەك قىلغان بولسىمۇ، بىراق هوكۇمەت مۇخبىرلارنىڭ نامايىشىدىن كيىنكى قولغا ئىلىشلىرىنى هوججەتلەشتۇرىشىگە يول قويمىدى. هەمدە ئۇلارنىڭ ئامانلىق قوغداش تارماقلىرىدىكى كىشىلىك هوقۇقنى دەپسەندە قىلىشلارنى كۆزىتىشىگە توسالغۇلۇق قىلدى. ئەمىلىيەتتىمۇ بىر تۈركۈم مۇخبىرلار قولغا ئىلىندى ۋە ئۇيغۇر رايۇنىدىن قوغلىۋىتىلدى.

جوڭگو هوكۇمىتى ئىنتىرنەت، خەلقارا تىلپون لىنيەسى ۋە ئىلىكتىرونلۇق ئۇچۇر خەت ۋاستىلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان مەلۇمات قاناللىرىنى توسىۋالدى. بۇ ئىمتىيازلىق چەتئەللىك مۇخبىرلاردىن باشقا پۈتۈن خەلققە قارىتىلغان. نامايىشىدىن كيىن 50 تىن كوپ ئۇيغۇرچە ئىنتىرنىت پىكىر مەيدانلىرى هەم توردىشلارنىڭ مۇنازىرە بەتلىرى تاقىۋىتىلگەن. ئوخشاش ۋاقىتتا جوڭگو هوكۇمىتى رەسمى ۋە غەيرى رەسمى پوروپىگاندا ئاپاراتلىرىنى قوللىنىپ دەۋلەت ئىچى ۋە خەلقاراغا ۋاقەنىڭ ئوز خاهىشى بويىچە تەسۋىرلىنىشىنى تىگىشقا تىرىشتى.

ئۈرۈمچىدىكى نامايىشىدىن كيىن، جوڭگو هوكۇمىتى شىددەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا قاتتىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. نامايىشىنىڭ ئارقىسىدىنلا ۋە كيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە، ئامانلىق قوغداش تارماقلىرى تەرىپىدىن تۇيۇلاڭغا ئالاقىسى بار دەپ تۇتۇلغانلارنىڭ سانلىرى خىلمۇ - خىل، .بىر - بىرىگە ئىختىلاپلىق بولغان بىر قانچە باياناتلار ئىلان قىلىندى بۇنىڭدىن كورۇنەرلىككى تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاللىقاچان مىڭدىن خىللا ئاشقان ئىدى. 2009 - يىلى 12 - ئوكتابىر جوڭگو نامايىشقا ئالاقىدار تۇنجى هوكۇم ئىلان قىلىپ ئالتە ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئولۇم جازاسى يەنە بىرىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەرگەنلىكى ئۇقتۇردى.

بۇ دوكلات كىشىلىك هوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىيۇل نامايىشىسى هەققىدە قىلىنغان

تەتقىقاتلار ئاساسىدا ھازىرلاندى. بۇ دوكلات نامايىشىدىن كېيىن، جوڭگو ئامانلىق قوغداش تارماقلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ غايىپ بولۇپ يوقاپ كەتكەن 43 ئۇيغۇر ئەرلىرى ۋە ئۇنىڭ يېشىلىق بالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەققى " غايىپ " بولغۇچىلارنىڭ سانى كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى توپلىغان سانلاردىن ئاللىقاچان يۇقىرى بولىشىمۇ بىراق بىزنىڭ مەلۇمات توپلاش ئىمكانىيىتىمىز ئىنتايىن چەكلىك بولدى. قىساس ئېلىنىشتىن قورقۇپ پەقەت ئاز ساندىكى گۇۋاھچىلار ياكى ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتە بىلگەن كۆرگەنلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بىرىشكە پېتىنالىدى.

جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ توپىلاڭ ھەققىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرىش مەجبۇرىيىتى بار ۋە ھەققى جىنايەتچىلەرنى خەلقارا قانۇن بويىچە جازالىشقا ھەققىگە ساھىپدۇر. بىراق، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز جوڭگو قانۇنىنى قوغداش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ـ ئىنقىلاشلارنى خەلقارا قانۇن، جوڭگو قانۇنى ئۆلچىمى ئىچىدە تەرەپبازسىزلىق بىلەن ئېلىپ بارماستىن بەلكى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىدا قاتتىق قانۇنسىزلىق بىلەن تۇتقۇنلۇق قىلدى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان ,, غايىپ ,, تۇتقۇنلارنىڭ يوقاپ كىتىشى ئەھۋالى يۈز بەردى.

ئىنسانلارنى ئىز دېرەكسىز غايىپ قىلىش خەلقارا كىشىلىك ھەققىنى قوغداش قانۇنىنى قاتتىق دەپسەندە قىلغانلىقتۇر. مەزبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ قىلىش ئەھۋالى، دولەت ھاكىمىيىتى بىر كىشىنى تۇتتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ھايات ئەركىنلىكىنى قىسىپ، نەردە ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلماي، تەن جازاسى بىلەن قىيىن قىستاققا ئېلىپ ھەتتاكى قانۇنى رەسمىيەتلەرسىز ئۆلتۈرىۋېتىش ئەھۋاللىرىنى ئىلگىرى سۈرگەندە كۆرۈلىدۇ. ئىنسانلارنى ئىز دېرەكسىز غايىپ قىلىش ۋە قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىشلار بولسا جوڭگو جىنايى ئىشلار ۋە ئەدلىيە قانۇنىغىمۇ خىلاپ.

جوڭگو قانۇنى سىستېمىسى ئوچۇق ئاشكارە بولمىغان، جىنايى ئىشلار گۇماندارلىرى كوپ ھاللاردا ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە سىرت بىلەن ئالاقىسىز قاملىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار كوپ بولۇپ ئەگەر تۇتقۇننىڭ تۇتۇلغانلىغىنى ھۆكۈمەت ئۈزىتىگە ئالسا ۋە مالۇم ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ تۇتقۇننىڭ قايەردە ئىكەنلىگى توغرىلىق مەلۇمات بولسا بۇلار مەزبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ بولۇشلارغا كىرمەيدۇ. بۇ دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھۋاللار بولسا ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋاباتلىرى ئۇلارنىڭ قايەردىلىگى ۋە تەغدىرى توغرىسىدىكى سۈرۈشتە قىلىشلىرىغا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ كىشلەرنى تۇتقۇن قىلغانلىغىنىمۇ ئۈستىگە ئالماي ياكى ئۇلار توغرىسىدا ھەرقانداق بىر مەلۇمات بىرىشنى رەت قىلىۋاتقانلىغى ئۈچۈن مەزبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ بولۇش ئەنزىسىگە لاياقەتلىكتۇر.

2009 ـ يىلى 6 ـ 7 ـ ئىيۇللاردا جوڭگو ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچىلار ۋە ھەربى قىسىملار ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان دوڭكوۋرۈك ۋە ئات بەيگىسى مەيدانى دېگەن ئىككى رايوندا چوڭ دائىرىلىق تۇتقۇنلۇق ئېلىپ باردى. بۇ ھەركەتنىڭ داۋامى سەل پەسلىگەن ھالەتتە ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلدى.

شاھىدلارنىڭ ئىسپاتلىق بىرىشىچە بىخەتەرلىق قوشۇنلىرى دەسلەپتە پۈتۈن مەھەللىلەرنى توسۇپ ئۇيغۇر ياش ئەرلىرىنى ئىزدىگەن. بەزى ئەھۋاللاردا دەسلەپتە ئەرلەرنى باشقىلاردىن ئايرىۋېلىپ ئاندىن ئۇلارنى تىزلاندۇرۇپ ياكى يەرگە تۈز ياتقۇزۇپ بەزىلىرىنى ئۇئۇرۇپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نامايىشقا قاتناشقان ـ قاتناشمىغانلىقى توغرىلىق سوراق قىلغان. ئۇلارنىڭ بەدىنىدە يارا ياكى كوكەرگەن ئىزلار بولسا ياكى مانايىش جەريانىدا ئۆيىدە ئەمەس بولغان بولسا تۇتۇپ ئېلىپ كىتىلگەن. يەنە باشقا ئەھۋاللاردا بىخەتەرلىق تارماقلىرى ياش ئۇيغۇر ئەرلىرى بولسىلا تۇتالىغىنىنىڭ ھەر بىرىنى قارا قويۇقلا تۇتۇپ قانچە ئونلىغان ياشلارنى بىر قىلىپ ماشىنىلارغا بىسىپ ئېلىپ كەتكەن.

چوڭ دائىرىدىكى تۇتقۇنلۇقتىن سىرت بىخەتەرلىك قوشۇنلىرى يەنە نۇقتىلىق ھۇجۇملار بىلەن ئىنىق بولمىغان سانلىق مىقداردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، خىزمەت ئورۇنلىرىدىن، دوختۇرخانىلاردىن ياكى كوچىلاردىن تۇتقۇن قىلدى. بەزى ئەھۋاللاردا بىخەتەرلىك تارماقلىرى بۇرۇن تۇتۇلغانلارنىڭ بەرگەن ئىنىقلىلىرى ئاستىدا ھەركەت قىلغاندەك كورۇمەتتى. بۇنداق ھۇجۇملار ئاز دېگەندە ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە داۋام قىلدى.

كىشىلىك ھوقۇق كۈزۈتۈش تەشكىلاتىنىڭ تىزىملىغان مەزبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ بولۇش زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار ئاساسلىغى 20 ياش ئەتراپىدىكى ياش ئۇيغۇر ئەرلىرى بولۇپ گەرچە ئەڭ كىچىكى 14 ياش بولسىمۇ بەزى شاھىدلارنىڭ ئىيتىشىچە ساقچىلار تۇتۇش ھۇجۇمى جەريانىدا 12 ياشتىكى كىچىك ئوغۇل باللارنىمۇ تۇتقۇن قىلغان.

كىشىلىك ھوقۇق كۈزۈتۈش تەشكىلاتىنىڭ ئىگەللىگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ھۇجۇم بىلەن تۇتقۇن قىلىشتا تۇتۇپ كىتىلگەن ئەرلەر ۋە ياش ئوغۇللارنىڭ بىخەتەرلىك قوشۇنلىرى تەرەپىدىن تۇتقۇن قىلىنغىنىدىن ئىتىۋارەن ئىز دىرىكى بولمىغان. ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى يەرلىك ساقچى ئورگانلىرىدىن ياكى قانۇنى تارماقلاردىن ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سۈرۈشتە قىلىشلىرى نەتىجىسىز بولۇپ

ھۆكۈمەت تەرەپ يا ئۇلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىدىن خەۋەرسىزلىكىنى ئېيتقان ياكى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئۈستىگە ئالماستىن، تىخىچە بۇ سۈرۈشتە قىلىشلارنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ۋە ياكى ئائىلە ئەزالىرىنى قوغلىۋەتكەن.

لايىق بولغان قانۇنى ۋاكالەتچىلىكسىز، يەرلىك كىشىلىك ھەق ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بولمىغان، مۇستەقىل تەرەپسىز مۇخبىرلار ۋە قانااللار بولمىغان، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەزبۇرى ئىز دېرەكسىز غايىپ بولغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ئەرزىنى ئاڭلىتىپ ياردەم سوراشقا پۈتۈنلەي ئامالسىزدۇر.

جوڭگو ھۆكۈمىتى كىشىلىق ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ تۇتقۇنلارنىڭ سانى، قانۇنى سالاھىيىتى ياكى مىللىتى توغرىلىق مەلۇمات سوراپ سۇنغان تەلىۋىگە جاۋاپ قايتۇرمىدى.

جوڭگونىڭ نامايىشتىن كېيىن كەڭ كولەملىك تۇتقۇن كىلىشتىكى تۇتقۇنلار سانىنى ئىنكار قىلىشتا مەيلى شىنجاڭدىكى بۇرۇنقى ۋاقەلەردە بولسۇن ۋە ياكى 2008 - يىلى تىبەتتىكى چوڭ نامايىشتا بولسۇن، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تارىخى بار بولۇپ ۋاقەدىن كېيىنكى قانچە يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ تۇتقۇنلىغى ئەنگە ئېلىنمىغان ياكى سوت خۇلاسىلىرى ئادەتتىكى قانۇنى شەرتلەرگىمۇ چۈشمىگەن شۇنداقلا تەن جازاسى ۋە تۇتقۇنلۇقتىكى جەرياندا يۈزلەنگەن زۇلۇملار خاتىرگەنگەن.

تەۋسىيەلەر

جوڭگو ھۆكۈمىتىگە :

1 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى نامايىشتىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغانلار، تۇتۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەر ۋە رەسمى قولغا ئېلىنغانلار توغرىسىدىكى ھەققى مەلۇماتلارنى ئېلان قىلىش.
2 . قانۇنى جاۋاپكارلىققا تارتىلمىغانلارنى قويۇپ بېرىش.
3 . كىشىلەرنى مەزبۇرى ئىز دېرەكسىز غايىپ قىلىشنى دەرھال توختىتىش. بارلىق تۇتقۇن قىلىشلارنىڭ دولەتلىك ۋە خەلقارالىق قانۇنلار ئاساسىدا بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ قولغا ئېلىشلارنى ئوچۇق ئاشكارەلەشتۈرۈش . بۇنىڭ ئۈچۈن :

* بىخەتەرلىك ئاقچىلىرى تەرەپىدىن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تونۇشلۇق بولغان ئورۇنلاردا تۇتۇپ تۇرۇلىشى، قولغا ئالغۇچى ئوفىتسىر ئۆزىنىڭ كىملىگىنى تونۇشتۇرۇشى ۋە رەسمى كىملىك گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش.

* ھەممە تۈرمە تارماقلىرى تۇتقۇنلارنىڭ تەفسىلى ئارخىپىنى قالدۇرۇشى يەنى ھەر بىر تۇتقۇننىڭ تۇتۇلغان ۋاقتى، ئورنى، تۇتۇلۇش سەۋەۋى ۋە قولغا ئالغان تارماقنىڭ ياكى ۋاكالەتخانىنىڭ تەفسىلى مالۇماتلىرى بىلەن تەمىنلەش. تۇتقۇننىڭ ئائىلە تەۋاباتلىرى، ۋاكالەتچىسى ۋە باشقا ھەقلىق بىلەن قىزىققۇچىلارنى بۇ ئارخىپلار بىلەن تەمىنلەش. تۇتقۇنلارنىڭ ھەرقانداق تۈردىكى يۆتكىلىنىشىنى بۇ ئارخىپتا ئەنگە ئىلىش.

* خەلغارا قانۇنلار ۋە دۆلەتلىك قانۇنلارغا ئاساسەن تۇتقۇن چوقۇم تۇتۇلۇپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە سوتچىنىڭ ئالدىغا ئىلىپ كىلىنىشى ۋە نىمە ئۈچۈن تۇتۇلغانلىق سەۋەپلىرى شۇنداقلا ئارتىلغان گۇناھلار ئوچۇق بىردۈرىلىشى كىرەك. تۇتقۇنلار ئائىلىلىرىنى دەرھال تۇتقۇن قىلىنغانلىق ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان ئورۇنلاردىن خەۋەرلەندۈرۈش. بىخەتەرلىك ساقچىلىرى تەرەپىدىن تۇتۇلغان ھەرقانداق بىر شەخسىنىڭ دەرھال ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىغا ۋە توسالغۇسىز ھالدا ئۆز ئىختىيارلىغىدىكى قانۇنى ۋاكالەتچى بىلەن ئالاقە قىلىشىغا يول قويۇش.

* ھەرقانداق كىشىنىڭ مەزبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ قىلىنىشتىندىن قوغداش توغرىسىدىكى خەلغارالىق كىلىشىمنى تەستىقلاش ۋە قول قويۇش، شۇنداقلا دۆلەتلىك قانۇندىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنى يولغا قويۇش.

4. ئۈرۈمچى نامايىشىدىن كىيىنكى بارلىق مەزبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ قىلىنىشلارنى ۋە قانۇنسىز تۇتقۇنلۇقلارنى تەكشۈرۈپ ئىنىقلاپ چىقىش. بۇنى سادىر قىلغۇچىلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش.

5. ئۈرۈمچى نامايىشىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ جازالانغۇچىلارنىڭ خەلغارا قانۇن ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمى بويىچە بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

6. ھەرقانداق كىشىنىڭ مەزبۇرى ئىز دىرەكسىز غايىپ قىلىنىشتىندىن قوغداش توغرىسىدىكى خەلغارالىق

كىلىشىمنى بويسۇنۇش ۋە قول قويۇش، شۇنداقلا دولەتلىك قانۇندىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنى يولغا قويۇش.

7 .ئىيۇلنىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە بولغان شىنجاڭ نامايىشى ۋە ئۇندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى خەلقئارالىق مۇستەقىل تەكشۈرۈپ ئىنىقلاش ئىلىپ بېرىشكە يول قويۇش.
8 .كىرازدانلىق ۋە سىياسى ھەق ھوقۇق توغرىسىدىكى خەلقئارالىق شەرتنامىلەرگە بويسۇنۇش.
9 .بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاھىدە مىخانىزىملىرىدىن بولغان مەزبۇرى ۋە ئۇزلىگىدىن بولمىغان ئىز دىرەكسىز غايىپ قىلىنىش توغرىسىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى، كوز قاراش ۋە ئىپادە ئەركىنلىگى، دىنىي ئەركىنلىك، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىرى، تىررورىزىمغا قارشىلىق قىلىش جەريانىدا ئىنسانە ھەقلىرىنى قوغداش ۋە تەن جازاسى قاتارلىقلاردا ئالاھىدە دوكلات تەييارلىغۇچىلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتىش.

بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالى كومىسسىيونىغا :

1 .بىرلەشكەن دولەتلە تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالى كومىسسىيونى جوڭگو ھۆكۈمىتى بۇرۇن ئەۋەتكەن تەكلىپنامىنى، شىنجاڭغا سەپەر قىلىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلغان ئاساستا قوبۇل قىلىش؛

2 .بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئالى كومىسسىيونى تەشكىللىگەن بىر گۇرۇپپا تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئۈرۈمچى نامايىشى جەريانىدا ۋە ئۇندىن كېيىنكى يۈز بەرگەن ھەقىقى ئەھۋاللارنى ئىگەللەشنى ئۈچۈن ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلىش.

بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باللار فوندىغا :

1 . جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نامايىشتىن كېيىنكى قولغا ئىلىنغان باللار توغرىلىق توغرا مالۇمات بىرىشنى ۋە جازالانمىغانلارنى دەرھال قويۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلىش؛

2 . تۇتۇلغان باللار خەلقارا ئولچەم شۇنداقلا باللار ھەق ھوقۇقى كىلىشىمى ئاستىدا قوغدىلىنىشى كىرەكلىگىنى جىددى تەلەپ قىلىش.

جوڭگونىڭ خەلقئارالىق ھەمكارداشلىرىغا :

1 .جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەزبۇرى ئىز دېرەكسىز غايىپ قىلىشلىرىنى ۋە قانۇنسىز قولغا ئېلىشلىرىنى توختىتىپ، ئۈرۈمچى نامايىشى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان ھەر بىر كىشى ئۈستىدە جاۋابكارلىقنى ھوددىسىگە ئېلىشقا ۋە غايىپ بولغانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن جىددىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مەسئۇلىيىتى بارلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە جازالاشقا تەۋسىيە قىلىش؛

2 .ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسىيونىنىڭ قوللىشى ئاستىدا خەلقئارالىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا چاقىرىش ۋە ياردەمدە بولۇش؛

3 .جوڭگو ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭدىكى تىنچسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان سىياسىي تۈزۈملىرى ۋە ئەمەلىي ئىش بېجىرىش ئەھۋاللىرىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشقا چاقىرىش؛

4 .جوڭگو بىلەن تېررورىزىمغا قارشى تىرىشچانلىقتا ھەمكارلىشىشنى ئىستىگەندە تېررورىزىمنىڭ تەھدىدى بىر مىللەتكە زۇلۇم سېلىشنىڭ سەۋەبى بولماسلىقىنى تەكىتلەش.